# ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى يېشىللىق قۇرۇلۇشى خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى

**— ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتتى**

تيانشان يەشمىسى

□ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدىن ئىگىللىشىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى يېرۇۋشلۇك ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشى تور زاپىسى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى تاماملىغان، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشى 2019 - يىللىق يولغا قويۇش لايىھەسى»نى تۈزۈپ تاماملىغان. يولغا قويۇش لايىھەسىگە ئاساسەن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز 338 مىڭ ئائىلىلىك ئاھالىنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى تاماملاشنى پىلانلىغان.

**■ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست كۆمۈر كەمچىل رايونغا تەۋە، شەرقىي جۇڭغار، قومۇل قاتارلىق كۆمۈر چىقىدىغان جايلار بىلەن بولغان ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق، توشۇش ئارىلىقى بىرقەدەر ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش پەسلىدە يامغۇر، قار قاتارلىق ھاۋارايى ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە، توشۇش تەننەرخى ئۆرلەپ، كۆمۈرنىڭ ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلگەندىكى باھاسى نىسبەتەن ئۆرە بولدى. شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئامما ئىسسىنغاندا ئاساسلىقى كۆمۈرنى تارقاق قالاش، ئوتۇن قالاشقا تايىنىدۇ، كۆمۈر قالىغاندا خىراجەت كۆپ كېتىپلا قالماي، يەنە كۆمۈرنى تارقاق قالىغاندا ئاتموسفېرا مۇھىتنى بۇلغايدۇ؛ ھالبۇكى ئوتۇن قالىغاندا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دەل - دەرەخلەر كېسىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاجىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيە - شەھەرلەردە كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۆلچەش ۋە ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىشقا سېلىشتۇرغاندا، ئادەتتە دېھقان ئائىلىلىرى قىش پەسلىدە كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ ئىسسىنسا، ھەر يىلى 1000 يۈەن ئەتراپىدا چىقىمنى تېجەپ قالالايدىكەن.

پۇقرالارنىڭ پۇلى تېجىلىپ قالدى، ئائىلىسىدە كۆمۈرنى دۆۋىلەپ قويۇپ قالمايدىغان بولدى، كۆلنى بىر تەرەپ قىلمىسمۇ بولىدىغان بولدى، مەيلى ئائىلىۋى تۇرمۇش كىچىك مۇھىتى بولسۇن ياكى كەنت، بازار چوڭ مۇھىتى بولسۇن ھەممىسى ياخشىلاندى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئاممىنىڭ دەل - دەرەخنى كېسىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كەلتۈرىدىغان بۇزغۇنچىلىقى ئازايدى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاسرالدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى تېزلىتىش دۆلەتنىڭ پاكىز ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىشنى كېڭەيتىش سىياسەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاجىز ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراپ، پۇقرالارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق.

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ پاكىز ئىسسىنىش يولغا قويۇلسا، ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە توك ئىشلىتىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ، بۇ، ئېلېكتىر تورىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئۈچۈن غايەت زور خىرىس. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش يېرۇۋشلۇك ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشى ئۈچ دەرىجىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى مەخسۇس قۇرۇپ، خىللانغان قابىل كۈچلەرنى ئاجرىتىپ، كەسپكە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئەۋەتىپ قۇرۇلۇشنى نەق مەيداندا تەكشۈرگەن ۋە كەسپكە يېتەكچىلىك قىلغان. دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىركىتىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، شەرقىي قىسىمدىكى ئۆلكىلىك شىركەت قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى ياردەم بېرىشكە، يۆلەشكە ماسلاشتۇرۇپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر نىجات ئىسمايىل مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، توك ئىشلىتىش يۈكىنىڭ ئېشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى بىلەن بازارلاشقان ئېلېكتىر ئېنېرگىيە سودا لايىھەسىنى تۈزۈپ، پاكىز ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش بويىچە بىۋاسىتە سودىلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

**■ ئاھالىلەرنى ئېلېكتىرلەشكەن يېڭى تۇرمۇشتىن بەھرىلەندۈرۈش**

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئاممىنى تېخىمۇ راھەت، قولاي، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئېلېكتىر ئېنېرگىيە مۇلازىمىتىدىن بەھرىلەندۈرىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرگە توك پارىنىڭ بىخەتەر، قولاي بولۇشى، مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە تېجەش ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تەننەرخ ھېساباتى، ئىقتىساد ھېساباتىنى ياخشى قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاممىغا توك پار ئىشلىتىش ئارقىلىق چىقىمنى تېجىگىلى بولىدىغانلىقىنى، مەشغۇلاتىنىڭ ئاددىي، قولاي ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنى، كۈچنى تېجىگىلى بولىدىغانلىقىنى، پاكىز، مۇھىت ئاسرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى توك پار ئىشلىتىش قاتارلىق ئېلېكتىرلەشكەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر لى خۇيبىن مۇنداق دېدى: «بىز ‹يېزىلاردىكى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشلىرىدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى تېخنىكا قوللانمىسى› ‹شىنجاڭنىڭ توك بىلەن ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىگە خەۋەردار چاقىرىش ھۆججىتى تېخنىكا بەلگىلىمىسى› قاتارلىق ئۆلچەملەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈش بىلەن بىللە، يەنە پېتىنقى ئېلېكتىر ماگنىتلىق ئوچاق قاتارلىق ئاشخانا ئېلېكتىر ئەسلىھەلىرىگە تېخنىكىلىق تەلەپ قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ توك پارىنى بىخەتەر، قولاي ئىشلىتىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇق».

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى پەرھات روزى مۇنداق دېدى: قەشقەر ۋىلايىتى بۇ يىل 5000دىن ئارتۇق كىشىنى

كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەشنى تاماملاپ، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ، سىياسەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، «بىر ئىشنى بىر مۇھاكىمە قىلىش» «تۆتنى مۇھاكىمە قىلىش، ئىككىنى ئاشكارىلاش» قاتارلىق خىزمەت مېخانىزملىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى پائال تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا يېتەكلەشنى پىلانلىدى.

**■ مەھسۇلات ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش**

«ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، توك پار مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج بارغانسېرى ئاشتى، بىز كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ ئىسسىنىش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ جايدىكى كارخانىلار بىلەن ئىچكىرى جايلاردىكى چوڭ كارخانىلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىپ ئىسسىنىش مەھسۇلاتلىرى جابدۇق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك، پۇختا، چىدامىلىق ئېلېكتىر سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىمىز» دېدى نىجات ئىسمايىل.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل 3 - ئايدىن بۇيان، ئىدارىمىز دۆلەت دەرىجىلىك نوپۇزلۇق ئاپپاراتلارنى باشلامچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مەخسۇس بەن شەكىللەندۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىغا تەتبىقلىنىدىغان تېخنىكا ئىشلىتىش ئۆلچىمىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزدى، ھازىر «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان گرافىتلاشقان كاربون ئاساسىي تورىدىكى ئېلېكتىر رادىياتور ھەممىباب تېخنىكا شەرتى» «جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان گرافىتلاشقان كاربون ئاساسىي تورىدىكى ئېلېكتىر رادىياتور كارخانىلىرى، زاۋۇتلىرىنىڭ سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى تەلىپى»نى شەكىللەندۈرۈپ، مەھسۇلاتلار جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىخەتەرلىك ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنولوگىيەسى، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تەرەپلەردە كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«بىز كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش مەھسۇلاتلىرى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىدىكى ‹ئىشتىن ئىلگىرىكى، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى› پۈتۈن زەنجىرلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى ھەققىي كۈچەيتىمىز». شۇ شياۋنىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىكى ئۆتكەللەرنى قاتتىق ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر ۋە پۇقرالارنى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساختىلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ناچارلىرىنى تۈزەپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى تەلەپكە يەتمەسلىك، مەھسۇلات سۈپىتى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، بازار تەرتىپىنى قوغداش كېرەك.

# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىنغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئېغىر تالاپەت ۋە مال - مۈلۈك زىيىنى كۆرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈدۈم. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن قازا قىلغانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، يارىلانغانلاردىن ۋە قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭمۇ بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، قازا قىلغانلارغا تەزىيە بىلدۈردى، يارىلانغانلاردىن ۋە قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

**مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى**

**مۇخبىرلىرىمىز ياڭ شۈخەن، لى رۇي خەۋەر قىلىدۇ:** 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ، ئەجدادلارنىڭ مىسلىسىز مۇشكۈل كۈرەش قىلىش تارىخى، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىنقىلابىي روھىنى ھېس قىلدى.

سەھەردىكى 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيى قارىغاي، ئارچا بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك ئىدى. قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى ئالدىدا، كۆپچىلىك كەسكىن ھالدا ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىدى؛ قۇربانلارنىڭ سۈرىتى ئالدىدا، قەدىمىنى توختىتىپ تەپسىلىي كۆرۈپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ياد ئەتتى؛ خاتىرە سارىيىدا، كۆپچىلىك چىن يۈن، چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرغان، رىۋايەت تۈسىنى ئالغان، شانلىق جەڭگىۋار ھاياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى ئەۋج ئالدۇردى، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈرۈشتى: چوقۇم «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى ھەم نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى قانات يايدۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ گوەنخۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تارىخىي مەزگىلدە، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە روھىدىن قۇدرەتلىك كۈچ ئېلىشى كېرەك. شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ئۆزۈم نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر بايقىشىغا يېتەكچى بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمەن.

# كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىشكە، يېشىل تەرەققىيات ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ قوشۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىشنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىشتە باشلامچى بولۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، ئەلرايى قۇرۇلۇشى قىلىپ، خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئادىل، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق بولۇش، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى ئۆلچىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، سىياسەتنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە، كۆزلىمە ئۈنۈمگە يېتىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر» قوللىنىش، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى ئىشنى پۇختا قىلىش، ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك؛ ئاممىۋى پىكىر تەشۋىقاتى يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون چىقارغان ئالاقىدار پايدىلىق سىياسەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، توك پارىنىڭ بىخەتەر، قولاي بولۇشى، مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە تېجەش ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك؛ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىش، ئالغا سىلجىتىشنى چىڭىتىپ، نەتىجە - ئۈنۈمنى باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇش قولايلىقىدىن بالدۇرراق بەھرىلەندۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شۇ رايونلاردىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.